# لاي قەلئە پاجىئەسى

## (چۆچەك)

## مۇھەممەتتۇرسۇن (مەرۋايىت)

### ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى : زۇلھامىي

لاي ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، لاي ئۇستەلگە ئېگىشىۋالغان لاي شائىرنىڭ قولىدىكى لاي قەلەم.....

لاي چىراقنىڭ يورۇقىدا بەتلىرى سانىۋالغۇدەكلا ئاز ۋە كونىرىغان بىر لاي دەپتەر...

لاي دېرىزە تەكچىسىدىن سىرتقا قاراۋاتقان لاي مۈشۈك، لاي تورۇستىكى باچكىسىغا دان يىگۈزۈۋاتقان لاي كەپتەر...

لاي سېپىل ئۈستىدىن لاي قېلىچتا كېسىلگەن لاي ئاشىقنىڭ دۇمىلاپ چۈشكەن لاي بېشى...

بىزلەرگە لاي ئوردىدىن تاراپ، لاي پادىشاھنىڭ ئېغىزىدىن لاي شەھەرنىڭ لاي پۇقرالىرىغا يەتكەن بۇ قىسسە، لاي ئاشىقنىڭ مەشۇقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بېشىنى لاي قىلىچقا تۇتۇپ بەرگەن مۇشۇ سەھەردىن باشلانغان...

**********************************

لاي كارىۋاتتا ئوخلاۋاتقان لاي ئادەم، ئۇنىڭ ئاجىزغىنە سوقۇۋاتقان لاي يۈرىكى، لاي گۈلزارلىق ۋە لاي تەكچىلەر ئارىسىدا پەرۋاز ئەيلەۋاتقان لاي

قاناتلىق كېپىنەك، لاي چاڭگىدا تۇخۇم باسقان لاي قاغىنىڭ مايماق لاي سۆگىتى، سۆگەت يېنىدىكى لاي ئۆستەڭدە ئويناۋاتقان لاي بالا بۇ سەھەرنىڭ شاھىدى ئىدى، يىراقتىن كۆرۈنگەن لاي سېپىلدىكى لاي قىلىچلىق ياساۋۇللار لاي ئوردىدا قەد كۆتۈرگەن لاي تەختتىكى لاي تاجلىق پادىشاھ ئۈچۈن جان-تەنلىرىنى پىدا ئەيلەپ ئۈشبۇ لايدىن پۈتكەن شەھەرنىڭ لاي قەلئەسىنى قوغدىماقتا ئىدى. لاي شەھەرنىڭ پۇقرالىرى ئۈچۈن كېچەيۇ-كۈندۈز ئۆزىنى بېغىشلىغان شاھ بولسا، ئەتراپىغا ئەلەمدار-قەلەمدارلارنى، قابىل-تالانتلىقلارنى توپلا، ئۆز سەلتەنىتىنىڭ كەلگۈسىنى تېخىمۇ ئىستىقبالغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىپ، تەر تۆكمەكتە ئىدى. لاي ئوردىدىكى لايدىن پۈتكەن گۈلزارلىقتا تا لاي قوياش كۆتۈرۈلگەندىن تارتىپ لاي ھىلال ئۆزىنى كۆرسەتكۈچە مىھنەت قىلىدىغان لاي باغۋەن بۈگۈن سەھەرمۇ ئادىتى بويىچە لايدىن پۈتكەن ئەڭ خۇشپۇراق گۈللىرىدىن گۈلدەستە ياساپ، لاي ھوجرىدىكى لايدىن پۈتكەن تۆشەكتە تاتلىق ئۇخلاۋاتقان لاي مەلىكىنىڭ دىدەكلىرىگە تاپشۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭدى.

لاي شەھەرنىڭ ئادىللىقتا نامى بار لاي پادىشاھىنىڭ ئەركە مەلىكىسى لاي تۆشىكىدىن ئېرىنىپ تۇردى ۋە لاي دېدەكلىرىنىڭ قوللىرىغا سۇ بېرىشى بىلەن يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇپ، لاي دېرىزە تۈۋىگە راسلانغان داستىخانغا ئولتۇردى، ئۆز قەلئەسىدىكى لايدىن پۈتكەن مەيدانلارغا، لاي سېپىللاردىكى لاي قېلىچلىق زەبەردەس ياساۋۇللارغا، لاي گۈلزارلىقتىكى ھەربىرتامچە تەرى بىلەن گۈللەرنى سۇغۇرۇۋاتقان باغۋەنگە قارىدى، لاي دېدەكلەر ھازىرلىغان داستىخانغا ئىزىلەڭگۈلۈك بىلەن قول سۇندى، ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇۋاتقانلار ۋە لاي تۆشەك يېنىدىكى لاي جاھازىغا قويۇلغان رەڭگارەڭ لاي گۈللەر، سەلتەنەتلىك

لاي خاندانلىقى مەلىكىنىڭ شۆھرىتىگە تېخى كەملىك قىلاتتى.

لاي شەھەرنىڭ چىگقى چۇشى، لاي ئۆستەڭىنىڭ لاي سۇلىرى تېنچلىق ئىلكىدە ئېقىۋاتىدۇ، لاي شەھەرنىڭ لاي پۇقرالىرى لاي ئىمارەتلەردە، لاي كوچىلاردا ۋە لايدىن پۈتكەن بۇ دۇنياسىدا خاتىرجەم تىرىكلىكى بىلەن. لاي خاندانلىقى ۋە لاي پۇقرالىرى ئۇچۇن تەر تۆكۈپ ئىشلىگەن لاي پادىشاھ ئۆز ئوردىسى ئۈستىگە تىكلەنگەن لاي قۇياشنىڭ تەپتىدىن ئىسسىدى ۋە ئارامخانىسىغا كىرىپ يانپاشلىدى، سالقىن ۋە ئارامبەخش خانىسىدە تاتلىق پۇشۇلداپ ئۇيقۇغا كەتتى. لاي پادىشاھ شۇنداق چۈش كۆردى، چۈشىدە ئۇنىڭ قويندىن قىپقىزىل بىر يىلان سۇغۇرۇلۇپ چىقارمىش، ئاچىماق تىللىرىنى كۆشۈلدىتىپ پادىشاھنىڭ بەدىنىگە چىرمىشارمىش، ئاندىن، پادىشاھنىڭ قويىنىغا پاتقان بۇ يىلان بارا-بارا يوغىناپ ۋە ئۇزىراپ شاھ قەسرىنىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ تۇرغان لاي پۇقرالارنى قورشارمىش، پۇقرالار ساراسىمىگە چۈشۈپ پادىشاھقا ھەيران-ھەيران قارااشقاندا، پادىشاھ ئېيتتىلەركى: ئي پۇقرالىرىم، قورقماڭلار! ئاللاھ ئۈستۈڭلاردىدۇر، شاھىڭلار ھەم سىلەر بىلەندۇر!!! بۇ يىلان قوينۇمدىن چۈشكەندۇر، سىلەرگە ھېچ ئازار يەتكۈزمەيدۇ! تەشۋىش ئەيلىمىگەيسىلەر...

لېكىن پادىشاھنىڭ سۆزى ئېغىزىدا قالارمىش، قىزىل يىلان ئەمدىلىكتە ئېغىزلىرىدىن قىپقىزىل قان تامغان قىزىل ئەجدەرھاغا ئايلىنارمىش ۋە بىر ھەملە بىلەن پۇقرالارنى بەدىنى بىلەن سىقىشقا باشلارمىش، پادىشاھ قاتتىق تووۋلارمىش: تارت قولۇڭنى ئي بەچچىغەر!!! پۇقرالىرىم مېنىڭ جېنىمدۇر!!!

شاھنىڭ سۆزى بىلەن تەڭ ئەجدەرھا شاھنىڭ ئوڭ تەرىپىدە قىلىچ تۇتۇپ شاھنى قوغداۋاتقان لاي ياساۋۇلنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئاتارمىش، كۆك قەھرىگە ئۆرلەپ يەرگە قايتا چۈشۈۋاتقان ياساۋۇلنى كۆرگەن شاھ ياساۋۇلنى تۇتۇۋېلىش

ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتارمىش، ئەمما ئۆلگۈرەلمەسمىش، يەرگە چۈشۈپ كۇكۇم تالقان بولغان ياساۋۇلدىن چاچرىغان قان پادىشاھنىڭ يۈزىنى بويارمىش، خەلق پادىشاھقا غەزەپ كۆزلىرىنى تىكەرمىش، بۇندىن قاتتىق غەزەپكە تولغان شاھ، لاي زۇلپىقارىنى ئۇيىنتىپ بىر قېلىچ بىلەن شۇنچە زور ئەجدەرھانىڭ بېشىنى تەندىن جۇدا قىلارمىش، يەرگە يىقىلغان ئەجدەرھا بىردىنلا مەلىكىگە ئايلىنارمىش...

ھەيھات، چۈش مۇشۇ يەرگە كەلگەندە پادىشاھ چۆچۈپ ئويغاندى، قانداقتۇر كۆڭۈلسىزلىك ۋە ناخۇش تۇيغۇلار بىلەن تەخت بارگاھىغا كۆچتى، يەنە شۇ لايدىن پۈتكەن شەھەرنىڭ، لاي پۇقرالارنىڭ غېمىگە چۆكتى. كۈن ئۆزىنى لاي تاغ كەينىگە مۈكتۈرۈپ لاي ھىلال ئۆزىنى كۆرسەتكەندە، ئاندىن ئارام تاپتى ۋە مەلىكىسىنى كۆرگىلى مەلىكىنىڭ خانەسىگە كىردى، ئۇخلاپ ياتقان مەلىكىنىڭ پېشانىسىدىن سۆيدى، ئەمما كۈندۈزى كۆرگەن چۈشى يادىغا چۈشۈپ، قاتتىق ئەنسىزلىك ۋە يېقىمسىزلىق ئىچىدە ئۆز ھوجرىسى تامان ئەتتى.

تاڭ سەھەردە لاي مۇئەززىنىنىڭ لاي قۇببە ئۈستىدىن ئاڭلانغان مۇڭلۇق ئەزانلىرى لاي شەھەرنىڭ كۆكىنى گۈلگە پۈركىدى، توغرا، قۇياشقا ئەڭ يېقىن جاي مەسچىتنىڭ قۇببىسى ئىدى، رەببىنىڭ رازى-رىزالىقى، جەننەت ئارمانلىرىنى كۆڭلىگە پۈككەن لاي پۇقرالار مۇزدەك لاي سۇلاردا جىسمىنى پاكلاپ لاي مەسچىتلەر تامان يۈرمەكتە ئىدى، تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقان مەلىكىنىڭ ئاتىسى شۇ چاغدا مۇڭلۇق دۇئالار ۋە تارام-تارام كۆز ياشلار بىلەن ئۆز ئاۋام-پۇقرالىرىغا خاتىرجەملىك، سەلتەنىتىگە ئاسايىشلىق تىلەۋاتاتتى. ئاسمان شاھى قۇياش ئۆز خانەسىدىن چىقىپ كۆك تەختىدە قارار تاپقاندا، شاھ ھەم ئۆز تەختىدە ھازىر بولدى.

لاي ساقاللىرى مەيدىسىگە چۈشكەن، لاي خاندانلىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كۆزلىرى تورلىشىپ، بەللىرى ئېگىلگەن باش ۋەزى ئېھتىرام ئىلكىدە شاھقا سۆز باشلىدى:

-ئاللاھتىن ساڭا زىيادە سەلتەنەت تىلەيمەن شاھىم، سۆزلىشىمگە ئىجازەتمىكىن؟

-قېنى سۆزلە خاندانلىقىمىنىڭ كۆز نۇرى؟ نېمە ياخشى سۆزلىرىڭ بار؟

-ساڭا مەلۇم بولسۇنكى، شەھەرنىڭ لاي رەستىسىدىكى تۇل خوتۇننىڭ ئوغلى بۈگۈن ساڭا ئۆز ئىختىيار ۋە رازىلىقى بىلەن ياساۋۇل بولغىلى كەپتۇ، سېنىڭ بوسۇغاڭنى سۆيۈپ، خىزمەت كەمىرىڭنى باغلىماق ئۈچۈن ئىجازەت كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، لەۋزىڭنى ئايىمىساڭ، يىگىت ھەم خەۋەر ئالسا!

-قېنى ئىجازەت، كىرسۇن شۇ ئاپتاپ يۈز يىگىت، نەزىرىمدىن ئۆتكەي-ئىجازەت بەردى ئەلەم ۋە قەلەمدە ماھارەتكە يەتكەنلەرنى ئەل خىزمىتىگە قويۇپ ساۋاب تېپىشنى كۆزلەيدىغان شاھ.

ئول زامان يۈزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇرىدىغان، يۇسۇف تەلئەت بىر يىگىت ئوردا بوسۇغىسىنى سۆيدى ۋە تەخت ئاستىغا كېلىپ، تازىم بەجا كەلتۈرۈپ سۆزلىدى.

-ئىي شاھىم! ئاللاھنىڭ ساڭا بەرگەن دۆلىتىنى توغرا تۇتۇپ، بىزلەرگە باشپاناھ بولۇپ، ئۇشبۇ لاي شەھەرنى بەرپا ئەتتىڭ! شۇل سەۋەب ساڭا خىزمەت قىلماقنى دىل تارتىپ بۇيان كەلدىم، بىلمىدىم ئىي خۇش تەلئەت شاھ، خىزمىتىڭگە قوبۇل كۆرەرسەنمۇ؟

-قېنى، ئېيتقىن، نېمە ئارتۇقچىلىقىڭ بار؟

-يا بىلەن ئوق مېنىڭ قېنىمدۇر، شەمشەر مېنىڭ جېنىمدۇر! لۇتفىي ئەيلىسەڭ ئەي شاھ، ساڭا ماھارىتىمنى كۆرسەتسەم، ئارمىنىم يوق ئىدى، ئاللاھ سۆيگەن سەندەك بىر شاھنىڭ دۆلىتى ئاستىدا خەلقىم ئۈچۈن جان بەرسەم.

شاھ سورۇن ھازىرلاشقا ئىجازەت بەردى، ئەمما يىگىتنى بىر يەرلەردە كۆرگەندەك قىلاتتى، سورۇن ھازىر بولدى، يىگىت ماھارىتىنى شۇنداق كۆرسەتتىكى، ئاللاھ لاي شەھەرنى ئاپىرىدە قىلىپ، خاندانلىقنى لاي پادىشاھقا تۇتقۇزغاندىن تا ھازىرغا قەدەر بۇ كەبىي شىرمەتنى ھېچكىم كۆرمىگەن ئىدى، ئۇنىڭ ئاتقان ئوقى قىلنى ئوتتۇرىدىن بۆلەتتى، ئويناتقان شەمشىرى قۇياشنى ھەم چۈچىتەتتى، شاھنىڭ خاس ياساۋۇللىرىنى ئاتتىن يۇلۇۋىلىپ ئاتقانلىرىدا شاھمۇ ھەم ھەيرانلىق چىشلىرى بىلەن تەئەججۈپ بارمىقىنى چىشلىدى. يىگىت ئېتىنى شۇنداق چاپتۇرۇپ، شۇنداق ئىلىشاتتىكى، بۇ ئەگەر ياۋ بىلەن بولغان جەڭ بولغان بولسا، بۇ يىگىتنىڭ نەرىسىدىن ياۋ قوشۇنىدا ھۇشىنى يوقاتمىغان ئەر قالمايتتى. شۇنداق قىلىپ يىگىت شاھنىڭ خىزمىتىدە قالدى، ھەمدە شاھنىڭ ئۇڭ تەرىپىدىن ئورۇن ئېلىپ، شاھنىڭ خاس ياساۋۇللىرىدىن بولدى. ئۇل دەقىقىدە لاي شەھەرنىڭ گۈليۈزلۈكلىرى بۇ سورۇننى تاماشا قىلىۋاتقاندا، لاي خانىسىدىكى لاي دېرىزىدىن قاراۋاتقان مەلىكىمۇ ھەم مۇستەسنا ئەمەس ئىدى، ئەمما بۇنچە باھادىرلىق مەلىكىنى ھەيران ئەتمىدى، تەئەججۈپ قۇشلىرىنى كۆڭۈل قەسرىدە ئۇچۇرالمىدى، چۈنكى مەلىكە ئالدىدا بۇلار ھېچنىمە ئەمەس ئىدى. مەلىكىنىڭ نەزىرىدە بۇ بىر ئەخمەق ياساۋۇل خالاس! خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلمىسا نېمە بولاتتى؟ ئەنە، لاي شەھەرنىڭ پۇقرالىرى ياشاۋاتامدۇ؟ لاي ئىمارەتلەردە ياشايدۇ، لاي كوچىلاردا يۈرۈشىدۇ، لاي رەستىلەردە سودا-سېتىق قىلىشىدۇ، نە بىر ياساۋۇلغا ئېھتىياجلىق؟ مەلىكىنىڭ

نەزىرىدە بۇنداق كىشىلەر پەقەت شاھتىن نەپ ئېلىش ئۈچۈنلا كېلەتتى «دادامنىڭ ئورنىدا مەن بولسامچۇ كاشكى-دەيتتى مەلىكە-ئۇنداقلارنى قوغلاپ چىقىراتتىم، ياكى كۈچىگە يارىشا ئېغىر ئىشلارغا سېلىپ جاۋاھىرلارنى قازدۇراتتىم»، شۇنداق، بۇ مەلىكە ئىدى، لاي پادىشاھنىڭ سەلتەنەتلىك لاي خاندانلىقى سايىسىدا چوڭ بولغان مەلىكە ئۈچۈن ھەممە نەرسە تەبىيلا بولۇشى كېرەك ئىدى. لاي پادىشاھنىڭ سەلتەنىتى مەلىكە ئۈچۈن ئىدى، لاي شەھەرنىڭ پۇقرالىرى مەلىكە ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى، لاي سېپىلدىكى لاي قېلىچلىق ئەسكەرلەر مەلىكىنى قوغدايتتى، لاي شەھەرنىڭ جاۋاھىراتلىرى، زىبۇ-زىننەتلىرى ھەم مەلىكىنىڭ ئىدى، چۈنكى ئۇ مەلىكە، شۇنچە سەلتەنەت سايىسىدا ياشىغانىكەن، ئۇلار بولمىسا قانداق بولىدۇ؟ لاي شەھەرنىڭ قۇياشى مەلىكە ئۈچۈن نۇر چاچاتتى، لاي شەھەرنىڭ يۇلتۇزلىرى مەلىكە ئۈچۈن كۆز قىساتتى، لاي شەھەرنىڭ ھىلال-تولۇنلىرى مەلىكە ئۈچۈن پارلايتتى. كەلگۈسىدە بۇ سەلتەنەتلەر مەلىكىگە قالاتتى، تېخى بىرەر شاھزادىگە ياتلىق بولسا، شاھزادىنىڭ شەھىرىنى ھەم لاي سەلتەنىتىگە ئۆتكۈزۈۋالاتتى، مانا بۇ لاي مەلىكىنىڭ بۈيۈك ئارزۇلىرى ئىدى.

شۇ كۈنلەردە شاھنىڭ ھوزۇرىغا مەلىكىسىنى ئۆزىنىڭ شاھزادىسىگە سورىتىپ، مايمۇنلاردىن تۆرەلگەن تائىپىدىن قۇرۇلغان تاش شەھەرنىڭ پادىشاھى ئەلچى ئەۋەتتى، بۇلار نە ئەقىدە، نە ئېتىقادنى بىلمەيدىغان بولۇپ، ئۇزۇندىن بۇيان لاي خاندانلىقىدىن قورقۇپ ئۆزلىرىنى ناھايىتىمۇ يوغان بىر تاش سېپىل ئىچىگە سولاپ ياشايتتى، ۋە تاش شەھەر دەپ ئاتىلاتتى. شاھ بۇنى ئاڭلاپ كەسكىن رەت قىلدى ۋە ئېيتتىكى:

-ئىي ئەلچىلەر! كونىلار ئېيتقانكىم «ئەلچىگە ئۆلۈم يوق» بولمىغاندا ئىدى، باشلىرىڭىز مۆرىلىڭىزدە تۇرماس ئىدى! قايتىڭ، شاھىڭىزغا ئېيتىڭ، سىزلەر كىم؟ بىزلەرچۇ؟ بىزلەر ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز، ئاللاھقا قۇلدۇرمىز، سىزلەر ئاسىيدۇرسىز، ئاللاھنى تونۇمىغانلاردىندۇرسىز، بىزلەر ئاللاھقا زارلىنىپ، ئاللاھتىن تىلەپ، ئاللاھنىڭ بەرگەنلىرىگە شۈكرانىلەر ئېيتقۇچىلارمىز، سىزلەر يارالغىننى ۋە ياراتقاننى بىلمەيدىغان غاپىلدۇرسىزلەر. شاھىڭىزغا ئېيتىڭ، سىزلەرگە قىز بەرمەك بىزلەرگە نادۇرۇس ھەم ئۆزلىرىمىزگە نۇمۇس!!!

لاي ئەلچىلەر شاھ ئوردىسىدىن كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى، ھەمدە مايمۇنلار دىيارىغا قاراپ ئات سالدى، ئەمما بۇ گەپلەر مەلىكىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى، مەلىكىنىڭ بۆيۈك ئارزۇلىرىنىڭ بىرى ئاشۇنداق سەلتەنەت ساھىبىغا ياتلىق بولۇش تۇرسا، ئاتىسى نېمىشقا رەت قىلىدۇ؟ مەلىكە تەئەججۇپ ئىلكىگە ئاتىسىغا شىكايەت ئەيلەش ئۈچۈن قۇياش كۆك تەختىنى ھىلالغا بوشاتقاندا خانىسىدىن چىقتى ھەمدە ئاتىسىنىڭ ئارامگاھىدا ئۆزىنى زاھىر ئەتتى، بۇ چاغدا شاھ بىر كۈنلۈك رىيازەتتىن چارچىغان تەنلىرىگە روخسەت بېرىپ، ھېلىقى يېگىت بىلەن سۆھبەتتە ئىدى، مەلىكە شاھقا سالام كەلتۈردى ۋە ئېيتتى:

-ئېي ئاتا، شىكايىتىم بار، قوبۇل ئەتسىڭىز.

-قېنى سۆزلەڭ رەيھانىم! يۈرىكىمنىڭ پارچىسى، نەدەرد سىزنى ماڭا شىكايەت قىلدۇردى؟

-ئارزۇيىڭىز ۋە ھەۋىسىڭىز ئۆز سەلتەنىتىڭىزنى كۈچەيتىش، پۇقرالارغا خاتىرجەملىك ۋە ئاسايىشلىق ياغدۇرۇشتۇر. ئەمما نەئۈچۈن سەلتەنەتنى كېڭەيتىدىغان پۇرسەتنى قولدىن بېرىسىزكىن؟

شاھ مەقسەتنى چۈشەندى ۋە سۆز ئاچتى:

-كېلىك رەيھانىم، ئۇلتۇرۇڭ! سۆزىڭىزنى چۈشەندىم، بىلىڭكى مەلىكەم، بۇ خۇدالىق ئالەمدۇر! سىزنى ۋە مېنى ياراتقان رەببىمىزگە ئاسىي بولۇپ، يات تائىپىلەرگە سىزنى بېرىش چوڭ گۇناھ ھەمدە ئاللاھقا ئاسىيلىق، سەلتەنەتىمىزگە نۇمۇس داغدۇر، شۇل سەۋەب ئۇلارنى قوغلىغىنىم دۇرۇستۇر. ئاللاھ بىزگە ئامانەت بەرگەن خەلق ۋە زېمىن ئەلۋەتتە مۇھىمدۇر، ئەمما ئەڭ مۇھىمى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ۋە ئېتىقادىمىزدۇر، شاھلىق تەختىدىن گادايلىق كوچىسىغا رازى-رىزامەنكى، ئاللاھقا ئاسىي بولالمايمەن قىزىم.

-لېكىن ئاتا، سەلتەنەت ئاللاھ سىزگە سوۋغات قىلغان دۇنيادۇر، ئۇنى قەدىرلىمەك ھەم مۇھىمدۇر، ئەجەبا ئاشۇ سەلتەنەتنى بىزگە قوشۇۋالساق ياراقۇچىمىز ھەم بىزدىن رازى بولار ئىدى؟

-ياق قىزىم، گېپىم ئوچۇقتۇر، ئەقىدە ۋە ئېتىقاددىن كېچىپ ئېرىشكەن سەلتەنەت ماڭا بىھاجەتتۇر، ياراتقۇچۇمنىڭ رازىلىقى مېنىڭ نىشانىمدۇر، سەنمۇ چۈشەنگىنىكى بۇ ئىش ئۆزۈڭنى ئوتقا تاشلىغان بىلەن باراۋەردۇر، نىيەتتىن يان، قەلبىڭنى دۇرۇس قىل، قايتقىن قىزىم. ئېيتقانلىرىمدەك ئاللاھ نىسىپ ئەتسە ھەرنە ئامالالار بىلەن ئول مايمۇنلار تائىپىسنى ھەم ئۆزلىرىمىزگە ئەل قىلارمىز، ئەمماكى، قىز-ئايالىرىمىز ئارقىلىق دۈشمەننى بېقىندۇرۇش بىزدەك قۇياش سۆيگەن، ئاللاھ ئەزىزلىگەن لاي شەھەرلىكلەر ئۈچۈن نۇمۇستۇر، قىزلىرىمىزنى قوغدىيالمىغىنىمىزدىن ئۆلمىكىمىز دۇرۇستۇر، قايتقىن قىزىم.

مەلىكە ئاتىسىنىڭ خانىسىدىن قايتىپتۇ، ئاتىسى ئېيتقان دۇردانىلەرنىڭ ھەقىقىتى ۋە ۋەزنى ئۇنىڭ قەلبىنى سۈزۈلدۈرۈپتۇ، ئەمما ئاشۇ مۇشتۇمچىلىك گۆشنىڭ بىر يەرلىرىدە كىچىككىدىن پاراغەتتە ئۆتكۈزگەن سەلتەنەت ئوتلىرى لاۋۇلداشتىن ئۆچمەپتۇ.

مايمۇنلار تائىپىسىنىڭ ئەلچىلىرى قۇيرۇقلىرى ئېتىنىڭ ئىگەرلىرىگە قىستۇرۇشۇپ، ئاتلىرىنى قۇيۇندەك چاپتۇرۇشۇپ، قورساقلىرى ئاچسا ئاتتىن چۈشمەي تۇرۇپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان پاشا-كۇمۇتا، چېۋىن-گىزەندىلەر بىلەن قورساقلىرىنى تويدۇرۇشۇپ مېڭىپتۇ، ئۆز شەھرىگە كەلگەندە ئالدىرىغانلىقىدىن ئىگەرنىڭ ئاستىدىكى قۇيرۇقلىرىنى ئۇنتۇشۇپ ئاتتىن سەكرەپتۇ، شۇ زامان ئۇلارنىڭ قۇيرۇقلىرى تۈۋىدىن ئۈزۈلۈپ قاپتۇ، ئۇلار كەشلىرىنىڭ چۈشۈپ قىلىشىغا قارىماي مايمۇنلار شاھىنىڭ ئوردىسىغا يۈگۈرەپ كىرىپ بولۇنغان گەپ-سۆزلەرنى يەتكۈزۈپتۇ.

مايمۇنلار شاھى قۇيرۇقى ئۈزۈلۈپ كەتكەن بۇ ئەلچىلىرىگە قارىغىنىچە ئويغا چۆكۈپتۇ، شاھزادىسى بولسا مەلىكە ۋە لاي سەلتەنىتىنىڭ مەست قىلىشى بىلەن ئاتىسىنى ئالدىرىتىپتۇ، ئاتىسى شۇنداق ئېيتىپتۇ.

-ئەي ئوغلۇم، بۇنىڭغا ئامال-چارە كېرەكتۇر، لاي خاندانلىقى ئەزەلدىن كۈچلۈك ۋە سەلتەنەتى ئۇلۇغ بىر خەلقتۇر، ئۇلارغا تەك كەلمەك بىزگە مۈشكۈلدۇر، ئېيتمەنكى، بىر ئامال-چارىلەر بىلەن مەلىكىگە يېقىنلاشساق، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ھەم بىلىپ باقساق، بۇ ئارقىلىق مەقسەتكە يېتىشكە ئۇرۇنۇپ باقساق ئەجەپ ئەمەس. مەلىكىنى قولغا كىرگۈزسەك ۋە ئۇلار ئارىسىغا پىتنە چاچساق بىزنىڭ ئەك چوڭ ئارزۇيىمىز، يەنى لاي خاندانلىقىنى بويسۇندۇرۇشىمىزغا يول ئېچىلىدۇ، ئېسىڭدە بولسۇن ئوغلۇم، بىزنىڭ مەقسىدىمىز ئۇلار بىلەن قۇدىلىشىش ئەمەستۇر، پەقەت بىزنى ئەندىشىگە سېلىۋاتقان دۈشمەننى

جىمىقتۇرۇش ۋە ئۇلارنى ئەل قىلىشتۇر.
شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۆز تائىپىسىدىن بىر جادۇگەر چىشى مايمۇننى تېپىپتۇ، ئۇنىڭ ھەم قۇيرۇقىنى ئۇزۇپتۇ، لاي خاندانلىقىنىڭ پۇقراسى سۈپىتىدە ئوردىغا كىرگۈزمەكچى، مەلىكىنىڭ خىزمىتىگە قويماقچى ئىستەپتۇ، بۇ جادۇگەر قۇيرۇقى ئۈزۈلگەنگە شۇ قەدەر ئېزىلىپ يىغلاپتۇكى، ھەتتا لاي خاندانلىقىنىڭ ئوردىسىنى سۆيۈپ تۇرۇپ قۇيرۇقى ئۈچۈن توختىماي نالە قىپتۇ، ئاقكۆڭۈل شاھ سوراپتۇ.

-ئەي ئەقرىبالىرىم، بۇ نېمە غەۋغا؟ مېنىڭ سەلتەنىتىمدە مۇشۇنداق نالەيۇ-پەرياد بولۇۋاتسا مەن نېمىشقا خاتىرجەم ئولتۇردۇم؟ چىقىڭلار، سوراڭلار، نېمە ئەرزى باركىن ئاڭلاڭلار.
شاھنىڭ مەلۇماتچىلىرى جادۇگەرنى شاھ ھوزۇرىغا باشلاپتۇ، جادۇگەر مىڭ يەردىن تۆكۈلۈپ يىغلاپ ئېيتىپتۇ.
-ئاھ سەلتەنەتلىك شاھىم، سىزنىڭ دۆلىتىڭىزدە مۇشۇ كۈنلەرگە ئۇلاشتۇق، قارىسام يېشىم چوڭىيىپتۇ، لېكىن سىزنىڭ ئۈچۈن بىر خىزمەت قىلماپتىمەن، مەن ئويلىنىش ئارقىلىق مەلىكەڭگە بىر ئۆمۈر خىزمەت قىلىش مەقسىدىدە كەلدىم، سەن ئىجازەت بەرسەڭ، مەلىكەڭ توغرا كۆرسە مەلىكەڭ ئۈچۈن ھېچ بىر مىننەتسىز ۋە شەرتسىز جېنىمنى پىدا ئەتسەم.
شاھ ئويلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ، ئاخىرى ئىختىيارنى مەلىكىگە بەرمەك بولۇپ ھوزۇرىغا چىللاپتۇ، مەلىكىنى كۆرگەن جادۇگەر ئاپتاپتەك ئېچىلىپ، قوينىدىن تاش شەھەرنىڭ پاسكىنىچىلىقلىرىدىن ئاپىرىدە بولغان مەينەت جاۋاھىرلارنى چىقىرىپ ھەدىيە ئېتىپتۇ، لاي خاندانلىقىنىڭ بىر تال تېشىغا ئەرزىمىگۈدەك بۇ

جاۋاھىرلارنىڭ تەكتىنى بىلمىگەن مەلىكىگە بۇلار بەكلا چىرايلىق كۆرۈنۈپتۇ ۋە قوبۇل قىپتۇ، جادۇگەرنى ھەم خىزمىتىگە ئاپتۇ.

قەدىرلىك ئوقۇرمەنلىرىم ئەمدى مېنى ئازراق كەينىمگە قايتقىلى قويسا، مۇھىم تەپسىلاتلارنى تولۇقلاش ئۈچۈن لاي پادىشاھ قىزى بىلەن سۆھبەتلەشكەن ئاخشامغا قايتىش ماڭا زۆرۈر.

شۇ ئاخشىمى قىز قايتىپتۇ، شاھ خانەسىدە ياساۋۇل يىگىت بىلەن قاپتۇ، ئەمما مەلىكىنىڭ سۆزلىرى، يىگىت ۋە شاھقا قارىغان كۆزلىرى يىگىتنى قىزنىڭ ئىشقىغا ساپتۇ، مەلىكىنىڭ سەۋرى بويىي، ھەر لەۋزىدە شاھقا بولغان ھۆرمىتى ۋە مۇلايىملىقى يىگىتنى ئاشىقلىق ئىسكەنجىسىدە قىسىپتۇ، يىگىتنىڭ يەلكىسىدىن كۆيۈك تاغلىرىدا بېسىپتۇ. قىزنىڭ كىرپىك كامانى يىگىتنى ئاشىقلىق ئوقىدا ئېتىپتۇ. ئەقىللىق شاھ يىگىتنىڭ كۆزىگە بىر قاراپ بۇنى سېزىپتۇ-يۇ، يىگىتكە چاندۇرماپتۇ.
ھېلىقى جادۇگەر مەلىكىنىڭ نەزىرىدىن ئۆتۈۋاتقاندا ياساۋۇل يىگىت يەنە مەلىكىنى كۆرۈپتۇ، بىر ئوتى ئون بوپتۇ، بىر غەم يۈز بوپتۇ، مەلىكىگە ئىنتىزار كۆزلىرىنى تىكىپتۇ، ئۈنىڭدىن بىر بېقىشلار تىلەپتۇ، يامان مەقسەتلەر ۋە قارا نىيەتلەر بىلەن كەلگەن جادۇگەر بۇنى دەقىقە ئىچرە سېزىپتۇ ۋە خەتەر ھىس

قىپتۇ، جادۇرگەر مەلىكە سۆھبىتى ئۇچۇن شاھ ھوزۇرىدىن ئايرىلىپ مەلىكە خانەسىگە يۈرۈپتۇ، مەلىكىنىڭ ئۆز دېدەكلىرى جابدۇغان سارايىنى قايتىدىن بېزەپتۇ، لاي خاندانلىقىنىڭ ئەۋلادىدىن داۋاملىشىپ كەلگەن قائىدىسىنى بۇزۇپ، لاي گۈللەرنى تاشلاپ، تاش قەلئەنىڭ سۈنئىي گۈللىرىنى تولدۇرۇپتۇ، جاھازىلارنى يۆتكەپتۇ، ئەمما مەلىكىگە پۇرىقى يوق، رەڭگى يوق ئەمما تۈزۈمايدىغان بۇ گۈللەر يېقىپ قاپتۇ، شۇنداق قىلىپ جادۇگەر بىلەن مەلىكە چىقىشىپ كېتىپتۇ. جادۇگەر مەلىكىنىڭ قەلبىگە سەلتەنەت، بايلىق ۋە ھۆكۈمرانلىقنىڭ مۇدھىش ئۇرۇقلىرىنى چېچىشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭغا مايمۇنلارنىڭ تاش شەھرىنى قولغا كىرگۈزۈشىنىڭ لازىملىقىنى، شاھ ئۆلسە بارلىق سەلتەنەتنىڭ شاھزادىگە قالىدىغانلىقى، ئۇ چاغدا ئۇ مەملىكەتنى ھەم ئۆز تەسەررۇپىغا ئالىدىغانلىقى، تاش شەھەرنىڭ جاۋاھىراتلىرى، زىبۇ-زىننەتلىرىنىڭ نەقەدەر قىممەتلىك ۋە گۈزەل ئىكەنلىكىنى سۆزلەشكە باشلاپتۇ، مەلىكىنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت ئۇلغىيىپتۇ، شەيتان جادۇگەر بىلەن بىرلىشىپتۇ، نادان مەلىكە جادۇگەرنىڭ چالغان دېپىغا ئۇسۇل باشلاپتۇ. ۋە ئېيتىپتۇ.

-ئىي ئايلا، ئاتام بۇنىڭغا قوشۇلمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن نېمە قىلىشىم كېرەك؟

-غەم قىلمىغىن قىزىم، بۇنى ئۆزۈم ئوڭشايمەن. سېنى بەختىكە ۋە سەلتەنەتكە چۆمدۈرۈش مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدۇ.

ئەمما جادۇگەرنىڭ كۆڭلىدىن ھېلىقى ياساۋۇلنىڭ مەلىكىگە قاراشلىرى ۋە شاھنىڭ ياساۋۇلغا مەمنۇنىيەت بىلەن بېقىشلىرى پەقەت كەتمەپتۇ، كۆڭلىدە غەم، كۆزلىرىدە نەم پەيدا بوپتۇ، ئېنىقكى ياساۋۇلنى يوقاتمىسا مەقسەتكە

يەتمەكنىڭ تەسلىكىنى بىلىپتۇ ۋە شاھ قەسرىگە جۆنەپتۇ، شاھنىڭ يالغۇز قالغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ شاھقا دەرد تۆكۈپتۇ.

-ئىي شاھىم، ساڭا بىر سۆزۈم باردۇر، قوبۇل ئەتسەڭ، بايان ئەيلىسەم.
-قېنى ئېيتقىن، ئاڭلاي.
-ئاگاھ ۋە دانا بولغىنكى، ھېلىقى ياساۋۇلۇڭ چاتاق، ئۇ سىنىڭ قىزىڭغا كۆيۈپ قاپتۇ.
پادىشاھ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە بۇ جادۇگەرنىڭ بۇنى بىلىۋالغىنىدىن چۆچۈپ توختاپتۇ.

-ئېيتقىن ئىي ئەرزىمەس، بۇنى قانداق بىلدىڭ؟ ھەم ياخشى كۆرسە، سۆيسە نە قىلاي؟
-ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ يېنىشىدىن، قىزىڭغا بېقىشىدىن بىلدىم.
-ئەلۋەتتە مانا بۇ ھەقىقىي ئاشىقلىق، ھەقىقىي ئاشىق بولساڭ تىلىگىدا ئەمەس، ئەنە شۇنداق دىلىگىدا جۇش ئۇرىدۇ.
-ئۇنى ئۆلتۈر، چاپ، جېنىدىن جۇدا قىل.
-ئېيت ئەرزىمەس، نېمە گۇناھىغا ئۇنى ئۆلتۈرەي؟
-بىر ياساۋۇل تۇرۇپ، سەندەك شاھنىڭ قىزىغا كۆيۈشىنىڭ ئۆزى چوڭ گۇناھ!
-قوي بەچچىغەر! دۈشمەنلىرىمنى يامان كۆردى دەپ ئۆلتۈرەي، دوستلىرىمنى ياخشى كۆردى دەپ ئۆلتۈرەي، ئويلىغىن، مۇشۇنداق ئۆلتۈرىۋەرسەم دۇنيادا ئادىمىزاتتىن نىشان قالارمۇ؟ چىق خانەمدىن، خىزمىتىڭنى قىل. @
جادۇگەر شاھ قەسرىدىن نائۈمىد قايتىپتۇ، ئەمما يامان نىيەتلىرىنى تاشلىماپتۇ.

شۇ ۋاقىتلاردا تاش شەھەرنىڭ مايمۇنلىرى يەنە ئەلچى ئەۋەتىپتۇ، بۇ قېتىم مەلىكە ئۇچۇق ھالدا ئاتىسىغا قوشۇلۇشنى بۇيرۇپتۇ، ئاتىسى يەنە ئىلگىردەك جاۋاب قىپتۇ ۋە ئەلچىلەرنى قايتۇرۇپتۇ، شاھ بويىغا يەتكەن قىزنىڭ توينى ئوينىماي تۇرۇپ تېنچلىنىدىغانلىقىغا كۆزى يەتمەپتۇ ۋە ۋەزىرىنى چاقىرىپ ئېيتىپتۇ.

-ئەي دانايىم، ساڭا بىر مەسلىھەتىم، ئاڭلىساڭ، قىزىمنى ياتلىق قىلاي دەيمەن، سېنىڭچە كىمگە بەرسەك بولار؟

-ئۆزۈڭ ئاقىلدۇرسەن شاھىم، ماڭا ئېيتساڭ، مېنىڭ مەسلىھەتىم، مېنىڭ ئوغلۇم يوق، ئەمما قارىسام سېنىڭ خاس ياساۋۇلۇڭنىڭ كۆزلىرىدە ئوت، يۈرىكىدە ئوت، جىسمىدا ئوت، ئۇ ئوت خەلقنىڭ ئوتى، رايىمغا باقساڭ شۇ ياساۋۇلۇڭنى كۆرستىمەن.

-ياشاپ كەت باتۇرۇم، شۇڭا دانايىمسەن، ئويىمىز بىركەن. قېنى، چاقىر شۇ باھادىرنى.

ۋەزىر ياساۋۇلنى چاقىرىپتۇ، كۆڭلىدىكىنى ئېيتىپتۇ، ياساۋۇل "ئەي ئاتا" دېگىنىچە سۆز باشلاپتۇ.

-ئەي ئاتا، شاپائىتىڭگە كۆپ تەشەككۇر، ئاللاھتىن ساڭا بەختىلەر ياغسۇن، مەندەك يېتىم ئوغۇلغا بۇقەدەر قىلىش ئارتۇقچىدۇر، خاندانلىقىڭدا مەندىن باھادىر شىرمەتلەر باردۇر، قىزىڭغا مەن لايىق ئەمەسمەن.

-ياق ئوغلۇم، سەن ئاللاھ ماڭا ئۇچراشتۇرغان بەندىسەن. سەن ئوغلۇم بول، مەندىن كېيىن سەلتەنەتنى ئاۋال ئاللاھقا، ئاندىن ۋەزىرىم ۋە ساڭا تاپشۇراي، شۇندىلا مەن خاتىرجەم بولىمەن.

شۇنداق قىلىپ خەۋەر مەلىكىگە ۋە جادۇگەرگە يەتكۈزۈلۈپتۇ.

-بىر مەلىكە تۇرۇپ-دەپتۇ جادۇگەر-ئاشۇ ياساۋۇلغا تېگەمدىكەنسىز؟ شاھ ئاتىڭىزنىڭ نېمە ئويى بار؟ نېمشقا شۇنداق قىلىدۇ؟

-بىر مەلىكە تۇرۇپ-دەپتۇ مەلىكە-شۇ ياساۋۇلغا تېگەمدىكەنمەن؟ ئاتام نېمە ئويلايدۇ؟ ياق، بۇنىڭغا مەن ھەرگىز قوشۇلمايمەن.

-قوشۇلماسلىق كېرەك! جان كەتسىمۇ قوشۇلماسلىق كېرەك، ئاتىڭىزدىن كېيىن قالسا خەلق "بىر ياساۋۇل بىزگە شاھ بولسۇنمۇ" دەپ سىزلەرنى ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ، شاھزادە بولمىسا ياتلىق بولماسلىق كېرەك.

جادۇگەرنىڭ ئەپسۇنلىرى مەلىكىنى ئەقلىدىن ئاداشتۇرۇپتۇ ۋە ئاتىسىغا قارشى ئىسيانغا يول قويۇپتۇ، ئاتا ۋە قىز ئوتتۇرىدا سۆھبەتلەر ۋە تالاش-تارتىشلار بوپتۇ، شاھ مەلىكىگە بوي بەرمەپتۇ، مەلىكە يىغلاپ-قاقشاپ خانىسىگە قايتىپتۇ، دىلى سۇنغان شاھ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ياساۋۇلنى ۋە ۋەزىرنى تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپ شىكارغا چىقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن جادۇگەرنىڭ كۈنى تۇغۇلۇپتۇ ۋە مەلىكىنىڭ قۇلىقىغا بىر نەرسىلەرنى دەپ پىچىرلاپتۇ.

شاھ شىكاردا يۈرگەن كۈنلەردە جادۇگەرنىڭ ئەپسۇنلىرى مەلىكىنى ئەسىر قىپتۇ ۋە ياساۋۇلنى خانىسىگە چاقىرىپتۇ. يالغاندىن ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەر قىپتۇ، چاھارباغلاردا سەيرە ئېتىپتۇ، شۇ كۈنلەردە جادۇگەرنىڭ ماڭدۇرغان خەۋەرچىلىرى ھەم تاش شەھەرنىڭ پىتنىچىلىرىنى باشلاپ قايتىپ كەپتۇ. ئۇلار ھەم لاي خاندانلىقىدا چانماسلىق ئۈچۈن قۇيرۇقلىرىنى تامام قىرقىپ تاشلاپتۇ.

بىر كۈنى مەلىكە شاھ ئورنىدا ئولتۇرغان ۋەزىرگە يالۋۇرۇپتۇ.

-ئېيى ئاتىجانىم، ئىجازەت بەرسىڭىز، كۆپ زېرىكتىم، ياساۋۇل بىلەن بىرلىكتە

سېپىلغا چىقسام، بارلىق پۇقرالارنى يىغسىڭىز، ئاتامنىڭ بۇ پاراۋان پۇقرالىرىنى كۆرۈپ كۆڭلۈمنى ئازادە ئەتسەم.

ۋەزىر ھەم مەلىكىدىكى ئۆزگىرىشتىن خۇشال بولۇپ ئەمىر قىپتۇ، چىڭقى چۈشتە بارلىق پۇقرالار سېپىل تۈۋىگە يىغىلىپتۇ، مەلىكە ياساۋۇل بىلەن بىللە سېپىلغا چىقىپتۇ، ھەممە پۇقرالارغا جاكارلاپتۇ.

-ئىي پۇقرالىرىم، مەن كىمدۇرمەن؟

-سىز بىزنىڭ مەلىكىمىزسىز-دەپتۇ خەلق-ئاللاھنىڭ بىزگە بەرگەن يىگانە گۆلىسىز. سەلتەنىتىمىزنىڭ ئاي-يۇلتۇزىسىز. تۇپراقىمىزنىڭ سۇ-كەۋسەرىسىز.

بۇ ماختاشلار مەلىكىنى جادۇگەرنىڭ ئەپسۇنلىرىدىن ئۆتە مەست قىپتۇ ۋە قارا نىيەتلىرىنىڭ پىلانلىرىنى باشلاپتۇ.

-تەشەككۈر خەلقىم، پات ئارىدا تويۇم بولىدۇ، مەن مونۇ باھادىرغا ياتلىق بولىمەن، ئەمما كۆڭلۈمدە بىر تەشۋىش بار، سىلەر مىنىڭ ئاتامسىلەر، ئانامسىلەر، قىرىندىشىم سىلەر، دەردىمنى سىلەرگە ئېيتماي كىمگە ئېيتاي؟

-ئېيتىڭ مەلىكەم-دەپتۇ خەلق-دەردىڭىزگە دەرمان بولالمىغان بۇ جان بىزگە بىھاجەت.

-ئاتام ماڭا بۇ ياساۋۇلنى چېتىپ قويماقچى. ئەمما بۇ ياساۋۇلنىڭ نىيىتى سىلەرگە ئايانمۇ؟

خەلق توپى جاۋاب بەرمەپتۇ. ئەمما تاش شەھەرنىڭ قۇيرۇقسىز مايمۇنلىرىدىن بىرى گەپ قىستۇرۇپتۇ.

-بۇ يىگىتنىڭ نىيىتى سەلتەنەتتە بولمىسلا باشقىسى مەيلى ئىدىغۇ.

-شۇنداق-دەپتۇ مەلىكە-شۇڭلاشقا بۇگۈن مەن خەلق ئالدىدا بۇ يىگىتنى سىنىماقچىمەن. مەن ئاللاھتىن تىلىدىم، ئەگەر بۇ يىگىت ھەقىقىي ئاشىق ۋە

سەلتەنەتىمىزگە زىنىنەت بولماقچى بولسا شەرتىمگە قوشۇلىدۇ، بولمىسا مۇشۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا يۈزىگە قارا سۈركەپ، شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىمەن.

باھادىر تۇرۇپلا قاپتۇ، ۋە دەپتۇ.

-شەرتىڭىزنى دەڭ مەلىكەم، ئورۇنداشقا تەييارمەن.

-مۇشۇ سىپىلدا بوينىڭىزنى قىلىچىمغا تۇتۇپ بېرىسىز، مەن ئاللاھتىن تىلىدىم، ھەقىقىي ئاشىق بولسىڭىز، سەلتەنەتىمىزگە زىنىنەت بولۇشنى ئويلىسىڭىز قىلىچ سىزگە ئۆتمىسۇن، ئەگەر نىيەتلىرىڭىز ساختا بولسا بوپتۇ، كەڭچىلىك قىلاي، بۇيەردىن ھازىرلا كېتىۋېلىڭ.

-ۋادەرىخ-دەپتۇ ياساۋۇل-ئىي پەلەك! ماڭا كۆرسەتكىنىڭ شۇ بولسا كۆرەي. ئەمما مەلىكەمنىڭ نېمىشقا بۇ خىيالغا كەلگەنلىكىنى بىلەي.

-شۇنىمۇ دېيىش كېتەمدۇ؟ بۇ سەلتەنەتكە كۆزى قىزىرىۋاتقانلار يوق ئەمەس، شۇڭلاشقا خەلقنى توپلىدىم، ئاللاھتىن تىلىدىم، ئەگەر چىن ئاشىق ۋە ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن سەلتەنەتكە زىنىنەت بولۇشنى ئويلىسىڭىز بېشىڭىزنى تۇتۇڭ، بولمىسا يولىڭىز ئوچۇقتۇر.

-بوپتۇ دەپتۇ يىگىت، تۇتسام تۇتاي-دەپتۇ يىگىت-سىزمۇ ھەم مېنى سىناپ ئارمانىڭىزغا يېتىڭ. ئۆلۈمۈمگە ئاللاھ گۇۋاھتۇر! خەلق ئالدىدا يا يالغانچى بولۇش، يا ئۆلۈشتىن ئىبارەت بۇ يولدىن بىرنى تاللاتسىڭىز پاكتۇرمەن، نىيىتىم دۇرۇستۇر، ماڭا يالغانچى ئاتالماقتىن ئۆلۈم ئەۋزەلدۇر. مېنىڭ قانداقلىقىم بەندىگە ئەمەس، ئاللاھقا ئاياندۇر.

ياساۋۇل سۆزىنى تۈگىتىپ سېپىل لېۋىگە كەپتۇ ۋە بېشىنى سوزۇپ ئېگىشىپتۇ، مەلىكە قىلىچنى ئېگىز كۆتۈرۈپتۇ، دەل شۇ چاغدا شىكاردا يۈرگەن پادىشاھ چۈشلۈك ئۇيقۇدا بولۇپ ئاۋۇ بىر زامان كۆرگەن قىزىل يىلاندىن ئۆزگەرگەن

ئەجدەرھا، ياساۋۇللارنى قايتا كۆرۈپتۇ ۋە چۆچۈپ ئويغۇنۇپتۇ، ئويغۇنۇپ ئېسىگە ئاپتۇكى ھازىرقى ۋە بۇرۇنقى چۈشىدە زاھىر بولغان يېگىت ئوخشاشلا شاھنىڭ ياساۋۇلى ئىكەن. شاھ دەرھال يارەنلىرىنى چاقىرىپ شەھەرگە ئات ساپتۇ، مەلىكىنىڭ قېلىچى زەرپ بىلەن ياساۋۇلنىڭ گەجگىسىگە چۈشۈپتۇ. ياساۋۇلنىڭ بېشى سىپىلدىن دۇملاپ چۈشۈپتۇ، ئۇنىڭدىن ئاققان قان سىپىلنى بوياپتۇ، خەلق توپى تەئەججۇپ ئىلكىدە ئاتىسىنى تاپالمىغان كىچىك بالىدەك تەمتىرەپ ئەتراپىغا قاراپ شاھنى ئىزدەپتۇ، شۇ مەھەل شاھ ئېتىنى چاپتۇرۇپ كىرىپ كەپتۇ ۋە ئاتتىن ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ ياساۋۇلنىڭ بېشىنى قولىغا ئاپتۇ، تەنسىز باش لىپپىدە كۆزىنى ئېچىپتۇ ۋە شاھقا دەپتۇ.

-ئىي ئاتا، سەلتەنىتىڭىز زىيادە ئىدى، ئاللاھ سىزنى سۆيگەن ئىدى، ئەپسۇس، بار يوق بىر پەرزەنتىڭىزنى ياخشى تەربىيلىيەلمەي ھەممىدىن قۇرۇق قالدىڭىز، پەرزەنتىڭىزنى ياخشى تەربىيلىگەن بولسىڭىز ئىدى، سەلتەنەتىڭىز تېخىمۇ گۈللىگەن بولاتتى، چۈنكى پەرزەنتىمىز بىزنىڭ كەلگۈسىمىزدۇر. خەير ئاللا سىزنىمۇ ئامان قىلسۇن.

شۇ دەقىق سىپىل ئۈستىدىكى باشسىز تەن شاھ يېنىغا كەپتۇ، شاھنىڭ قولىدىن ئۆز كاللىسىنى ئېلىپ قولتۇقىغا قىستۇرۇپ شەھەردىن چىقىپ كېتىپتۇ، نەق مەيداندا تۇرغان ياساۋۇلنىڭ ئانىسى شاھقا شۇنداق بەددۇئا قىپتۇ.

-ئىي شاھ، ئاللاھ بەرگەن شۇنچە سەلتەنەتنى جايىدا باشقۇردۇڭيۇ بىر قىزىڭنى باشقۇرالمىدىڭ، شۇل سەۋەب مەن ئوغلۇمدىن ئايرىلدىم، ئاللاھ ساڭىمۇ ھەم جۇدالىق تەمىنى تېتىتقاي.

ئەل ئىچىدە تۇرغان مايمۇنلار تائىپىسىنىڭ پىتنىچىلىرى شۇئان خەلق ئارىسىغا پىتنە تىرىپتۇ. بىرى شاھنىڭ غەيۋىتىنى قىلسا بىرى مەلىكىنىڭ قىلغىنى توغرا

دەپتۇ، بىرى يېگىتنى ئاقلىسا بىرى جادۇگەرنى ماختاپتۇ، شاھ شۇ ئاچچىقىدا زۇلپىقارنى كۆتۈرۈپ بىرىپ جادۇگەرنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ ۋە قىزىنىڭ بېشىنى ھەم ئالماق ئۈچۈن ئەتراپىغا قاراپتۇ، ئەمما مەلىكە ئاقتىمۇ-كۆكتىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. چۈنكى تەنىسىز باشنىڭ ئۆز كاللىسىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ ماڭغانلىقىنى كۆرگەن مەلىكە قورقۇنۇچتىن ئۆزىنى چەتكە ئاپتۇ. پادىشاھ خەلققە قاراپ شۇنداق دەپتۇ.

-ئىي پۇقرالىرىم! نادان شاھىڭلارنى كەچۈرۈڭلار، ئەمدى ماڭا شاھلىق يولى جايىز ئەمەستۇر. ئەگەردە بىرەرسى بۇرۇنقى خانىڭلار قانداق ئىدى دېسە «لەكمىڭ لەكمىڭ تۈتۈنلۈك سەلتەنەتنى جايىدا تۇتۇپ، بىر قىزىنى باشقۇرالمىغان ناباب شاھ ئىدى» دەڭلار-دەپتۇ ۋە شاھلىقىنى ۋەزىرگە تاشلاپ، گادايلىق يولىغا قەدەم تاشلاپتۇ.

شۇ كۈندىن ئېتىبارەت قۇياش سۆيگەن بۇ خاندانلىق تىنجىماپتۇ، چۈنكى مايمۇنلار تائىپىسىدىن كەلگەن پىتنىچىلەر خەلق ئارىلىرىغا پىتنىلەر تېرىپتۇ، ئەزەلدىن ئۆم ۋە ئىناق خەلق بۇ پىتنىچىلەر تەرىپىدىن نەچچىگە بۆلۈنۈپتۇ، ھەركىم ئۆزىنى قوللىغان پىتنىچى مايمۇنلار بىلەن بىرلىشىپ ئۆز قېرىنداشلىرىغا زەھەر يەتكۈزۈشنى باشلاپتۇ. قورغان-سېپىلسىز بولسىمۇ تىل ۋە دىل بىرلىكى بىلەن مۇستەھكەم تۇرغان بۇ خەلق توپى يىمرىلىشقا باشلاپتۇ، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي سەلتەنەت ۋە نام-شۆھرەت تاماسى قىزىقتۇرغان بەزى كىشىلەر قىزلىرىنى تاش شەھىرىنىڭ شاھزادىسىگە ياتلىق قىلىشىپتۇ. شۇنداق قىلىپ مەلىكىنىڭ سەلتەنەت چۈشى بىلەن قىلغان خاتا ھەركىتى تەرىپىدىن بۇلغانغان بۇ خەلق ناھايىتى تېزلا تاش شەھەرنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپتۇ.

شاھلىقنى ئۆتكۈزۋالغان ۋەزىر بولسا شۇ زامانلاردا ھەرخىل پىتنىلەرنىڭ

ئارىسىدا قاپتۇ، بىرى ئۇنى «قىرىپ قالدى، قانداق شاھلىق قىلىدۇ» دېسە، يەنە بىرى «ساقلى ئۇزۇنكەن» دەپتۇ، يەنە بىرى «بويى ئېگىزكەن» دېسە يەنە بىرى «مۆكچىيىپ قاپتۇ» دەپتۇ، شۇنداق قىلىپ مايمۇنلارنىڭ دېيىشىغا ئۇسۇل ئويناشنى باشلىغان خەلق ئۆز ئۇستىگە ئاشۇ مايمۇنلار تائىپىسىدىن بولغان بىرىنى شاھلىققا قويۇپتۇ.

ھېلىقى ياساۋۇل ھازىرغىچە بېشىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، ئالدىغا ئۇچرىغان ئەر زاتىغا «دۇنيا ۋاپا قىلمايدۇ، قىزىڭنى ياخشى تەربىيلە ئىي ئاتا» دەپ يۈرگۈدەك، ھېلىقى مەلىكە بولسا شۇ قاچقانچە قېچىپ خۇدانىڭ لەنەتلىرى كەينىمدىن يېتىۋالمىسۇن دەپ توختىيالماي يۈرگۈدەك، ھېلىقى شاھ بولسا زۇلپىقارىنى ئويناتقىنىچە ئۇچرىغانكى كىشىدىن «ھېلىقى دەيۈز قىزىمنى سەن كۆرسەڭمۇ چېپىۋەت، مەن كۆرسەممۇ چېپىۋېتەي، خەلقىمىز ۋە رەببىمىز بىز ئەر زاتىغا لەنەت قىلمىغاي» دەپ تىلەپ يۈرگۈدەك، شەھەرنى بېسىۋالغان مايمۇنلار بولسا «بۇلار مايمۇنلىقىمىزنى بىلىپ قالسا قوزغىلىپ بۇ دىيارنى تارتىۋالمىسۇن» دەپ ھازىرغا قەدەر قۇيرۇقلىرىنى كېسىشىپ، ئادەم سىياقىدا يۈرۈشەرمىز. ھېلىقى يىگىتنىڭ تۇل ئانىسى بولسا لاي رەستىدىكى لاي تام ئۆيىدە دۇئاغا قول كۆتۈرگەن پېتى «ئىي ئاللاھ، قىزلىرىمىزغا ئىنساپ ھىدايەت، ئوغۇللىرىمىزغا ئىمان-دىيانەت بەرگەيسەن» دەپ تىلۋاتقۇدەك. سەلتەنەتلىك لاي خاندانلىقىنىڭ پۇقرالىرى بولسا ھېلىھەم مايمۇنلارنىڭ دېيىشىغا ئۇسۇل ئويناپ «سەن سىمىز مەن ئورۇق» دەپ بىر-بىرىنى يالماۋۇزنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىشقان كىشىلەردەك بىر-بىرىنىڭ ئەيىبىنى مايمۇنلارغا چېقىشتۇرۇپ يۈرگۈدەكمىش. سېپىل ئۇستىدىكى لاي قېلىچلىق ياساۋۇللار بولسا «ئاكاڭ كىمنى ئالسا يەڭگەڭ شۇ» دېگەن كەلىمىنى يادلاپ ئولتۇرامىش.

بەلكىم، بۇ رىۋايەت راستتۇر ياكى يالغاندۇر، لېكىن لاي شائىرنىڭ ئۆز كۆز ياشلىرىغا چىلىنىپ ئۇلتۇرۇپ لاي شاھنىڭ تەختكە قايتىشىنى، لاي مەلىكىنى ياخشى تەربىيلەپ، لاي ياساۋۇلغا ياتلىق قىلىشىنى، تاش شەھەرنىڭ مايمۇنلىرىنى سېپىلنىڭ ئېچىگە تېخىمۇ چوڭقۇر تىقىۋېتىشىنى، لاي قىلىچلىق ياساۋۇللارنىڭ سېپىل ئۈستىدىكى بەھەيۋەت تۇرقىنى كۆرۈشنى تىلىگىنى ھەقىقەت.

@-بۇ دىئالۇگلار ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ۋە بىر ۋەزىرىنىڭ ئوتتۇرىدا ئېلىپ بېرىلغان ۋەقەلىك بولۇپ «ھېكايەتلەر» دېگەن كىتابتىن قىسقارتىلىپ قىستۇرۇلدى.

مەنبە : مىسرانىم تورى